# ئىزدىنىش

(تاللانما)

3

1998

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

**1998-يىل 3-سان**
(ئومۇمىي 117-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1998-يىللىق 1-، 2-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىشلىرىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتايلى**
**..................................... لى رۈيخۇەن(2)**

**دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق ئۆزلەشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرايلى ................................ خۇ جىنتاۋ(7)**

**تارىخىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇلۇغ بايراقنى ھەققىي ئېگىز كۆتۈرەيلى**
——لېنىن، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىنىڭ ئۇلگىلىك ئەھمىيىتى ھەم ئۇنىڭدىن ئېلىنغان چوڭقۇر ئىلھام توغرىسىدا .............. **لېي يۈن(24)**

دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش——دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي كاپالىتى .................. **جاڭ گوچۇ(38)**

**★3-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

---

# خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىشلىرىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتايلى

لى رۇيخۇەن

بۇ قېتىمقى يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى، كۆپچىلىك ئاساسىي تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى، ئاڭلاپ كۆپ ئىلھاملاندىم. كۆپچىلىك ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، پىكىرلەرنى بىز ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز، نەتىجە، ئارتۇقچىلىقلارنى قەتئىي جارى قىلدۇرۇشىمىز؛ مەسىلە ۋە كەمچىلىكلەرنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىشىمىز ۋە ئۇلارنى تۈگىتىشىمىز لازىم. ئالغان تەسىراتلىرىم بويىچە، بىرقانچە كۆزقاراشلىرىمنى سۆزلەپ ئۆتەي.

## (1)

مەن سىياسىي كېڭەشكە خىزمەتكە كەلگەندىن بۇيان، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ بىر تەرەپتىن ئۆگەندىم، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ بىر تەرەپتىن ئىشلىدىم، بىرنەچچە يىللىق ئەمەلىيەت جەريانىدا، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە، سىياسىي كېڭەشنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىغا نىسبەتەن يېڭى تونۇشلارغا كەلدىم. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدىن ئىبارەت بۇ دېموكراتىيە شەكلى ھەققەتەن پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ دانا تەسەۋۋۇرى ۋە بۈيۈك ئىجادىيىتى بولۇپ، نۇرغۇن ئالاھىدىلىككە ۋە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. ئۇنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىكى ئەڭ كەڭ ۋەكىللىكلىكى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئەڭ زور سىغىمچانلىقى بارلىق سوتسىيالىزم ئەمگەكچىلىرى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلغۇچى ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلغۇچى ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ۋە بۈيۈك بىرلىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ ئۇنىڭ مول ئەقلىي كۈچكە ئىگە بولۇش، ئەركىن ئورۇندا تۇرۇش، تۆۋەندە ھەر ساھەدىكىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ تۇرۇش، يۇقىرىدا ئۆز پىكرىنى مەركەزگە يەتكۈزەلەيدىغان بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە بولۇشى

* بۇ يولداش لى رۇيخۇەننىڭ 1997-يىل 11-ئاينىڭ 27-كۈنى مەملىكەتلىك يەرلىك سىياسىي كېڭەش رەئىسلىرى سۆھبەت يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى.

ئۇنى يۇقىرى قاتلام پائالىيەتلەرگە ۋە مۇھىم سىياسەتلەرنى چىقىرىشقا قاتنىشىش جەريانىدا قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەن دېموكراتىك مەسلىھەتلىشىش، ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەردە ئۆز قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىش پرىنسىپى ئۇنى ھەم كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش، ھەم ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ مۇۋاپىق تەلىپىنى نەزەرگە ئېلىش، خەلق دېموكراتىيىسىنى كەڭ، ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمى ئېلىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بولسا بۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈمنىڭ سىياسىي شەكلى ۋە تەشكىلىي شەكلى. كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىملىقى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇھىملىقىنى بەلگىلىدى، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى بەلگىلىدى. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خەلق قۇرۇلتىيىغا ئوخشىمايدۇ، يولداش جۇ ئېنلەي مۇنداق دېگەنىدى: خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ھوقۇق جەھەتتىن ئايرىلىدۇ، ئەمما ئورۇن جەھەتتىن ئېگىز-پەسلىك بولمايدۇ، سىياسىي ئورۇن جەھەتتە باراۋەردۇر. يولداش جياڭ زېمىنمۇ مۇنداق دېگەن: خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ھۆكۈمەت بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر-بىرىگە ماسلىشىدۇ، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدا، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورنىنى ھېچقانداق تەشكىلات باسالمايدۇ. "نەزەردىن چۈشۈپ قالغان ئادەملەر سىياسىي كېڭەشكە كىرىدۇ، سىياسىي كېڭەشكە كىرگەندىن كېيىن ئورنى تۆۋەنلەيدۇ" دەيدىغان كۆزقاراش خاتا. يېرىم ئەسىردىن بۇيان، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئېلىمىز ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. ھازىر ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەھۋالىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىدا ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئالغا سۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىتتىپاقلىقنى، مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ئۇ يەنىلا ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىككە ئىگە. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مىراس، ئۇ جۇڭگو-نىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدۇ، بىز ئۇنىڭغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارىشىمىز، ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن قوغدىشىمىز، ئېغىشماي قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

**(2)**

كۆپچىلىك بۇ بىرنەچچە كۈندە سۆزلىگەن سۆزلىرىدە 8-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمەتتىكى

نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنداقلا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش، بولۇپمۇ سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئاز بولمىغان تەكلىپ، پىكىرلەرنى بەردى، مەن كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى چۈشىنىمەن. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بىز بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تەرەپتىن ئىزدىنىپ، ئىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق، مەلۇم تەرەققىياتقىمۇ ئېرىشتۇق، ئەمما ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ مەسىلە ھۆججەتتە يازغاندەك ياكى دەسلەپتە ئويلىغىنىمىزدەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. مەسلىھەت بولسا دېموكراتىك مەسلىھەت، نازارەتمۇ دېموكراتىك نازارەت، ھەممىسى ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنىڭ دەرىجىسى، تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشى زور ھەم مۇرەككەپ مەسىلە. مەن، دېموكراتىيە—نىشان، ۋاستە، شۇنداقلا جەريان، دەپ ئېيتقانىدىم. ئۇنى نىشان دېيىشىمىدىكى سەۋەب، دېموكراتىيە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، جەمئىيەت يۈكسىلىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەلىپى، مەيلى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە بولسۇن ياكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە بولسۇن، پارتىيىمىز ئىزچىل تۇردە دېموكراتىيىنى بىر بۈيۈك نىشان سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ بايرىقىغا يازغان. ئۇنى ۋاستە دېيىشىمىدىكى سەۋەب، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋى دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى، ھەرقايسى مىللەتلەرنى، ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنى بىر گەۋدە قىلىپ ئۇيۇشتۇرغىلى، پۈتۈن جەمئىيەت كۈچىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە قارىتا ئۈنۈملۈك نازارەت ئېلىپ بارغىلى، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنى جەريان دېيىشىمىدىكى سەۋەب، دېموكراتىيە ئەزەلدىن تارتىپلا تارىخىي، كونكرېت بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ نىسپىي بولىدۇ، دېموكراتىيە مۇقەررەر ھالدا مەلۇم جەمئىيەتنىڭ سىياسىي تەرەققىيات، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىگە ماس كېلىدۇ، شۇڭا ئۇ پەقەتلا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. شارائىت ۋە جەرياندىن ئايرىلىپ تۇرۇپ دېموكراتىيىنى تۇتقاندا، دېموكراتىيە مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايلا قالماي، ئەكسىچە، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىككى مىڭ بەش يۈز يىل ئىلگىرى گرېتسىيىلىكلەر ھەممىدىن بۇرۇن دېموكراتىيە دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە دېموكراتىيىنىڭ ئەسلى مەنىسى خەلق بىۋاستە ھالدا ياكى ئۆزى سايلاپ چىققان ۋەكىللەر ئارقىلىق دۆلەتنى باشقۇرۇش، ھۆكۈمرانلىق قىلىش يەنى خەلق خوجايىن بولۇش دېگەنلىك دەپ كۆرسەتكەن. ئىككى مىڭ بەش يۈز يىلدىن بۇيان، ئىنسانلار بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمىلىك، ئىنتايىن جاپالىق ئىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، زور ئىلگىرىلەشلەرگىمۇ ئېرىشتى، ئەمما يۇقىرى تەلەپتىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ خوجايىن بولۇش نىشانى ئەمەلگە ئېششتىن تېخى ناھايىتى يىراق. ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى خەلقنىڭ خوجايىن بولۇشى ئۈچۈن تۈپ كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى، ئەمما جۇڭگودىكى دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخى قىسقا، ھەر تەرەپلىمىلىك توسالغۇ ئامىللار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭ بىر مۇرەككەپ جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈشى مۇقەررەر، يالغۇز ياخشى ئارزۇيىمىزنىڭ بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنى بىردىنلا ۋۇجۇتقا چىقىرىمەن دېيىشكە،

ئىشنى ئاددىيلا قىلىشقا بولمايدۇ. جۇڭگودىكى دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشى چوقۇم رەھبەرلىكى بولغان ھالدا قەدەممۇقەدەم ئېلىپ بېرىلىشى، جەزمەن ئاكتىپ، پۇختا قانات يايدۇرۇلۇشى، جەزمەن ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە قاراپ ئالغا سۈرۈلۈشى لازىم. يىغىپ ئېيتقاندا، دېموكراتىيىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان رولىنى ئىنكار قىلىش، دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ئاكتىپ ۋە قىزغىن بولماسلىق خاتا، دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قارىماستىن غەربنىڭ دېموكراتىيە شەكلىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىش خەتەرلىك، دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بەك ئاددىي ئويلاش، ئالدىراپلا نەتىجە چىقىرىمەن دېيىش زىيانلىق، ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى كۆرەلمەسلىك، كەلگۈسى ئىستىقبالىغا قارىتا ئىشەنچ بولماسلىق ئاساسسىزدۇر. بىز دېموكراتىيىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىشىمىز، ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى توغرا ئىگەللەپ، خىزمەتلەرنى ئاكتىپ ۋە دەل ۋاقتىدا قانات يايدۇرۇشىمىز، سىياسىي كېڭەشنىڭ رولىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئادا قىلىشىمىز لازىم.

## 3

خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئاز كەم 50 يىللىق تارىخىدا، نەچچە ئەۋلاد سىياسىي كېڭەش خىزمەتچىلىرى جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈردى، ناھايىتى ياخشى تەجرىبىلەرنى توپلىدى، ھەم چوڭقۇر ساۋاقلارمۇ بولدى. تەجرىبىلەرمۇ، ساۋاقلارمۇ قىممەتلىك بايلىق، كېيىنكىلەرنىڭ خىزمەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپ يىللىق تەجرىبە، بولۇپمۇ 8-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 5 يىللىق خىزمىتىدىكى تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە جەزمەن ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا يول ئېچىشىمىز، يول ئېچىش داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم. ئاۋۋال ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم، دېمەك كۆزىمىز يەتكەن، شارائىت پىشىپ يېتىلگەن، قۇدرىتىمىز يېتىدىغان ئىشلارغا ئاۋۋال تۇتۇش قىلىپ، ناھايىتى تېزلا بىر جۇشقۇن خىزمەت ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز، مۇشۇ جەرياندا ئىزدىنىپ، يول ئېچىپ، يېڭىلىق يارىتىشىمىز لازىم. بىز يول ئېچىشنى، يېڭىلىق يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىمىز، چۈنكى يول ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش بولمىسا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيمىز. ئەمما باشلىنىشتىلا ئاساسلىق زېھنىي كۈچىمىزنى شارائىت تېخى ھازىرلانمىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىپ تۆگىتىۋەتسەك بولمايدۇ. سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە ۋە قىيىنچىلىق ئومۇمەن ئىككى خىل، بىر خىلى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا پەيدا بولغان، بۇنىڭغا بىر تەتقىق قىلىش، ئىزدىنىش، ھەل قىلىش جەريانى كېرەك. يەنە بىر خىلى تارىختىن قېپقالغان، ئۇنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان ياخشى ھەل قىلىنماي كېلىشىدە چوقۇم ئىچكى سەۋەب ۋە ئاساس بار، بۇنىڭ ھەر ئىككىسىنى بەكمۇ ئاددىي چاغلاشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ ئىلگىرىكى كەمچىلىكىمىز كۆپىنچە مەسىلىنى بەكمۇ ئاددىي چاغلاپ قويغانلىقىمىزدىن بولغان، ئاددىي چاغلاشنىڭ نەتىجىسىدە مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپ-

لەشتۈرۈۋەتكەن. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، قىلالايدىغان ئىشلارنى ئاۋۋال قىلىش، كۆپ قىلىش كېرەك؛ قىلالمايدىغانلىرى ھەققىدە ئاكتىپ ئىزدىنىش لازىم. 8-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمەتلىرى دەل ئىلگىرىكى بىرنەچچە نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىگە، ياخشى ئىستىلىغا، ياخشى تەجرىبىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە راۋاجلاندۇرغان ئاساستا باشلاندى، ئالدى بىلەن ئاساسنى تۇتۇپ، ئاندىن تەسنى تۇتۇپ، خىزمەتلەرنى قەدەممۇقەدەم قانات يايدۇردى، ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، توختىماي يەكۈنلەپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇر ۋە ئۇسۇل، ساھە ۋە يول قاتارلىق تەرەپلەردە نۇرغۇن يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى ۋە نۇرغۇن يېڭى يول ئېچىلدى. ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامدا يول ئېچىش، يول ئېچىش داۋامدا ئالغا ئىلگىرىلەش ھەم 8-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەجرىبىسى، ھەم بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى تىرىشىش نىشانىمىز ۋە خىزمەت توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزدۇر.

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ھەرقايسى جايلارنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە نەتىجە بار دېيىلسە، بۇ نەتىجىلەر ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتكەنلىكىنىڭ، ھۆكۈمەتلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، كۆپچىلىك قايتقاندىن كېيىن مېنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمنى ھەمدە سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمەتلىرىگە داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىشىنى، كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆتكەن بەش يىلدا، يەرلىك سىياسىي كېڭەشلەر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆپ قوللىدى، كۆپچىلىكمۇ مېنىڭ خىزمەتلىرىمگە كۆپ ياردەمدە بولدى. مەن بۇ يەردە كۆپچىلىككە چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن! بەش يىلدىن بۇيان، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە، بىز بىرلىكتە مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلدۇق، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا بىرلىكتە قاتناشتۇق، دۆلەت ئىشلىرى ئۈستىدە بىرلىكتە مۇھاكىمە يۈرگۈزدۇق، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن بىرلىكتە پەم-پاراسەت ۋە كۈچ چىقاردۇق، كۆپچىلىكنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە قارىتا ھېسسىياتى چوڭقۇرلاشتى، بىزنىڭ ئارىمىزدىمۇ چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىلدى. كېلەر يىلى يەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى بولىدۇ، بىر قىسىم يولداشلار سىياسىي كېڭەشتىن ئايرىلىدۇ، مەيلى قېپقالىدىغانلار بولسۇن ياكى ئايرىلىدىغانلار بولسۇن، بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ، بەش يىل بىللە خىزمەت قىلغان جەريانىمىز بىزنىڭ قەلبىمىزدە گۈزەل بىر ئەسلىمە قالدۇرىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىشلىرىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتايلى.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دولقۇن قادىر**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق ئۆزلەشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرايلى*

خۇ جىنتاۋ

مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە مەركىزىي كومىتېت كاندىدات ئەزالىرىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسى بۈگۈن ئوقۇشنى باشلىدى. تۆۋەندە ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەيمەن.

## 1. نېمە ئۈچۈن بۇ ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسى ئېچىلدى

بۇ ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسى يولداش جياڭ زېمىن 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ۋە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1-ئومۇمىي يىغىنىدىكى سۆزىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپكە ئاساسەن ئېچىلدى، بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي سۈپىتىنى ۋە نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، 15-قۇرۇلتاي روھىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى.

پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى پارتىيىمىز ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە چاقىرغان دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىغىن. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئېنىق ھالدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بېكىتتى ھەمدە ئۇنى تەنتەنىلىك ھالدا پارتىيە نىزامنامىسىگە يېزىپ كىرگۈزدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم سىياسەت-فاڭجېنلىرىنى، نىشان-ۋەزىپىلىرىنى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئېنىق بەلگىلىدى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى يېڭى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك ئورگانلىرىنى سايلاپ چىقتى،

* بۇ يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ 1997-يىل 12-ئاينىڭ 4-كۈنى مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە مەركىزىي كومىتېت كاندىدات ئەزالىرىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسى ئوقۇش باشلىغاندا سۆزلىگەن سۆزى.

شۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنى ئىدىيىۋى جەھەتتىن، سىياسىي جەھەتتىن ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن تۇپ كاپالەتكە ئىگە قىلدى. 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئىشلىرىنى ياخشى تۇتۇپ، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن تۇرلۇك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىدە، ئادەمدە، ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدا. يولداش جياڭ زېمىن 15-قۇرۇلتايدىكى دوكلاتىدا: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ نەچچە يۈز ئەزاسى، ئۆلكە-مىنىستىرلىك دەرىجىلىك نەچچە مىڭ كادىر ئالاھىدە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئالغان، ئۇلار ھەممىدىن ئاۋۋال دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىشى لازىم، دەپ تەكىتلىگەن. يولداش جياڭ زېمىن 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1-ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىرىدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم دەۋردە تۇرۇۋاتماقتا، ئۇ ئەسىر ھالقىيدىغان بىر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت بولۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ۋە خەلقنىڭ ئۇمىدىنى ئۇستىگە ئالغان، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى شەرەپلىك، مەسئۇلىيىتى ئېغىر. يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە مەركىزىي كومىتېت كاندىدات ئەزالىرىنىڭ ئالدى بىلەن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنىڭ ئۈلگىسى بولۇشنى تەلەپ قىلدى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ۋە سەمىمىي، ئۇتتۇرىغا قويغان تەلىپى ئىنتايىن مۇھىم، ئەمەلىيەتكىمۇ ئىنتايىن ئۇيغۇن. بۇ قېتىم مەركىزىي كومىتېتقا يېڭىدىن كىرگەن ئەزالار مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ ئاز كەم 50 پىرسەنتىنى ئىگەللەپ، 13-قۇرۇلتايدىن بۇيان ئەڭ كۆپ بولغان. زور بىر تۈركۈم ياش يولداشلارنىڭ مەركىزىي كومىتېتقا كىرىشى يېڭى بىلەن كونىنىڭ ئالمىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشىنىڭ ئېھتىياجى، پارتىيىمىزنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقى ۋە ئىز باسارلىرى بار ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. يولداشلارنىڭ مەركىزىي كومىتېتقا كىرىشى تېخىمۇ زور مەسئۇلىيەتنى، تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئالغانلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ ھال بىزنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە سىياسەت سەۋىيىسى جەھەتتە يېڭى بىر يۈكسىلىش ھاسىل قىلىشىمىزنى، بىلىملىك، كەسپىنى بىلىدىغان، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ھەقىقىي كەسىپ ئەھلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئالدى بىلەن ماركسىزمغا سادىق بولغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭىدىغان، پارتىيىنى، دۆلەتنى باشقۇرۇشنى بىلىدىغان ھەقىقىي سىياسەتچى بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئاساسىي رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى

ئۆز ئۈستىگە ئېلىش نۇقتىسىنەزىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر پارتىيىمىزدە ماركسىزم-لېنىنىزمنى پارچە-پۇرات ئەمەس سىستېمىلىق، قۇرۇق ئەمەس ئەمەلىي ئۆگەنگەن يۈزدىن ئىككى يۈزگىچە يولداش بولىدىغان بولسا، پارتىيىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلىدۇ، ھەمدە ياپون جاھانگىرلىكى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش خىزمىتىمىز تېزلىتىلىدۇ، دەپ ئېيتقانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىمۇ ئوخشىلا ماركسىزمنى پىششىق بىلىدىغان مۇشۇنداق بىر تۈركۈم يولداشلارغا موھتاج، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ كۆپرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە ئولتۇرغان مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە مەركىزىي كومىتېت كاندىدات ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ئۆلچەم بىلەن ئۆزلىرىگە تەلەپ قويۇشى، مۇشۇنداق نىشانغا قاراپ ئۆزلىرىنى چېنىقتۇرۇشى ۋە ئۆستۇرۇشى كېرەك.

مەركىزىي كومىتېتقا كىرگەن ئەزالارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ ئىچىدىكى مۇنەۋۋەررەك بولغان يولداشلار بولۇپ، ئۇلار مەلۇم رەھبەرلىك ئورنىدا تاۋلانغان. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىدىيەۋىي، سىياسىي سۈپىتى ياخشى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىش لازىمكى، بەزى يولداشلار بولۇپمۇ بەزى ياش يولداشلار بۇرۇن ئۇزاق مۇددەت كەسپىي تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىش جەھەتتە، ئۇلارنىڭ يەنە تەلەپكە ماسلىشالمايدىغان جايلىرى بار. كۆپلىگەن يولداشلار گەرچە نەزەرىيە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كۈندىلىك خىزمەتنىڭ ئالدىراش بولۇشى تۈپەيلىدىن، بىر مەھەل ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا كىتاب ئوقۇشقا ۋە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا پۇرسەت تېپىشى ناھايىتى قىيىن بولۇۋاتىدۇ. مەركەزنىڭ قارار قىلىپ ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسىنى ئېچىشتىن مەقسىتى كۆپچىلىككە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ نەزەرىيىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش. بۇ قارار ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسىنىڭ ۋاقتى ئۇزاق بولمىسىمۇ، پەقەت 20 كۈن ئەتراپىدا بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ كۆپچىلىكنىڭ كىتاب ئوقۇش، پىكىر يۈرگۈزۈش، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق نەزەرىيە جەھەتتە يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىشىغا ياردىمى بولىدۇ، دېمەك بۇ، يولداشلارنىڭ تارىخىي ۋەزىپىلەرنى تېخىمۇ ياخشى ھالدا زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆز زىممىسىدىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇندىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۇ ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسىنى ئېچىش پۈتۈن پارتىيە بويىچە نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدىغان ئوبدان كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە بويىچە نەزەرىيە ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى

ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيىمىز دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان ماركسىزم-لىق پارتىيە بولۇپ، ئەزەلدىن نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش تەرەققىي قىلىۋاتقان ھالقىلىق دەۋردە، پۈتۈن پارتىيە يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۆگىنىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. 1978-يىلى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەشنى بەلگىلەش ۋاقتىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ: ‹‹پۈتۈن پارتىيە يەنە يېڭىباشتىن ئۆگىنىشى كېرەك››، تۈپ-ئاساسلىقى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. 1985-يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا يەنە: ‹‹ھازىر بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرماقچى بولۇۋاتىمىز، دەۋر ۋە ۋەزىپە ئۆزگەردى، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يېڭى بىلىملەر ھەقىقەتەن كۆپ، بۇ ھال بىزدىن يېڭى ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئىگىلەشنى تېخىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندىلا، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېڭى ھەم ئاساسىي مەسىلىلەرنى ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىسى ۋە ئاساسىي ئۇسۇلى بويىچە پائال تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ھەم ئىشلىرىمىزنى ۋە ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئالغا سىلجىتالايمىز، ھەم بەزى يولداشلىرىمىزنى، بولۇپمۇ يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن ئوتتۇرا ياش ۋە ياش يولداشلىرىمىزنى بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلەردە نىشاندىن ئادىشىپ قېلىشتىن ساقلىيالايمىز›› دەپ تەكىتلىگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1992-يىلى جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە، بەزى دۆلەتلەردە كۆرۈلگەن ئېغىر ئەگرى-توقايلىقنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ‹‹ماركسىزملىق ھەقىقەت يېڭىلمەيدۇ. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش—ماركسىزمنىڭ جەۋھىرى››. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىگەن: ‹‹ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىشتە، جەۋھىرىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭ بېرىدىغىنىنى ئۆگىنىش كېرەك.›› ئاز كەم 20 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشتىكى ئىلگىرىلىشى ۋە ماركسىزملىق سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتى روشەن ھالدا ئىلگىرىلەپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى، ھەمدە ئۈزلۈكسىز تۈردە كېڭىيىش ۋە چوڭقۇرلىششقا قاراپ راۋاجلاندى. بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم، لېكىن تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلە-

ۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنى كۆرۈش لازىمكى، رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ئۆگىنىشكە تازا قىزىقمايدىغان، ئانچە ئاڭلىق بولمىغان، خىلمۇخىل مېھماندارچىلىققا ئالدىراپ يۈرىدىغان، ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان يەنە بەزى يولداشلار بار. بەزىلەر ئۆگىنىش بىلەن خىزمەتنى ئايرىۋېتىدۇ، ئىشلەشنى ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئۆگىنىشتە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشنى خالىمايدۇ. بەزىلەر ئۆگەنسىمۇ ئەستايىدىل، قېتىرقىنىپ ئۆگەنمەيدۇ، يۈزەكىلا ئۆگىنىپ بولدى قىلىدۇ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى نەزەرىيىنى تەتبىقلاپ تۇرۇپ ھەل قىلىشقا ماھىر ئەمەس. ھازىر، پۈتۈن پارتىيە 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىۋاتىدۇ، ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىدا يېڭى ئەھۋال، يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلە، يېڭى بىلىم، يېڭى تەجرىبىلەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا چىقىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش تېخىمۇ زۆرۈر. پەقەت ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ۋە مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى باشلامچى بولۇپ ئوبدان ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن پۈتۈن پارتىيىدىكى نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ. پەقەت پۈتۈن پارتىيە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مۇشۇ نەزەرىيە ئارقىلىق بارلىق ئىشلىرىمىزغا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشتا قەتئىي چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ. 14-قۇرۇلتايدىن كېيىن، مەركەز ئۆلكە-مىنىستىرلىك دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئاساسىي رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشى بويىچە ئارقا-ئارقىدىن 4 قارار نەزەرىيە مۇھاكىمە قىلىش كۇرسىنى ئېچىپ بەردى، بۇ پۈتۈن پارتىيىنى نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىدە تۈرتكىلىك ۋە ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. بۇ بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە. مەركەزنىڭ 15-قۇرۇلتايدىن كېيىن بۇ ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسىنى ئېچىشىمۇ ئۇنىڭ تۈرتكىلىك ۋە ئۈلگىلىك رولى ئارقىلىق، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئوبدان ھالدا 15-قۇرۇلتاي روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئوبدان ھالدا 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا مەركەزلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇنچىۋالا كۆپ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى بىلەن مەركىزىي كومىتېت كاندىدات ئەزالىرىنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ نەزەرىيە ئۆگىنىشى، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشى پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدا كۆپ كۆرۈلمىگەن. 15-قۇرۇلتايدىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەركەزنىڭ بۇ ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسىنى ئېچىشنى قارار قىلىشى مەركەزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئوبدان تۇتۇشقا قەتئىي ئىرادە باغلىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسىنى ئوبدان ئېچىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتلىكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، 15-قۇرۇل-تاي روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئەتراپلىق ئىگىلەش لازىم

بىزنىڭ بۇ كۇرسىمىز ”دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسى“ دەپ ئاتىلىدۇ، ئىسمىدىن مەنىسى بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش. 15-قۇرۇلتاينىڭ تەلىپى بويىچە، ”سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك“ دېگەن بۇ تۈپ مەسىلىنى مەركەز قىلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز ئەينى بويىچە ئۆگىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەپ، نەزەرىيىدىكى ئاساسىي كۆزقاراش ۋە ئاساسىي روھنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك، شۇنىڭدەك ھەركىم ئۆزىنىڭ خىزمەت ساھەسىنى تۇتقا قىلىپ، نەزەرىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلى-رىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشى ۋە چۈشىنىشى كېرەك. يولداش جياڭ زېمىننىڭ 15-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئىجادىي يوسۇندا تەتبىقلاپ، بىر قاتار مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى شەرھلەپ بەردى، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ يېڭى ئەسىرگە قاراپ قەدەم تاشلاشتىكى سىياسىي خىتابنامىسى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى. شۇڭا، نۆۋەتتە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئۇنى 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىكى ئاساسىي ئىدىيە، ئاساسىي كۆزقاراش، ئاساسىي روھنى ئاساس قىلىپ، 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى كۆزقاراش-

لارنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشى، تەتبىقلىنىشى ۋە مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولغان راۋاجى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، دوكلاتتا مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەت ۋە مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكىنى ۋە توغرىلىقىنى توغرا تونۇش، شۇ ئارقىلىق دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىگىلەش لازىم. 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىپ بەرگەنلىكىنى، سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشنى يېڭى ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈرگەنلىكىنى، ھازىرقى دەۋرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە خەلقئارا ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈستىدە يېڭى ئىلمىي ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى ئىلمىي سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش 15-قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي تېمىسى، شۇنداقلا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمەتلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى. ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈش يېتەكچى ئىدىيە، يۆنىلىش مەسىلىسى؛ ئۇلۇغ ئىشلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش تەرەققىياتنىڭ نىشان-ۋەزىپىسى مەسىلىسى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى. جۇڭگونىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشىغا موھتاج، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى مۇشۇ كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالغا موھتاج. 15-قۇرۇلتاينىڭ بۇ ئاساسىي تېمىسى پارتىيىمىزنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان يولغا قويۇلۇۋاتقان توغرا لۇشيەننى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، 1 مىليارد 200 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتىكى ئورتاق ئىرادىسىنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ بەردى. بىزنىڭ بۇ قارارلىق ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسىمىز بۇ ئاساسىي تېمىنى مەركەز قىلىپ، بۇ ئاساسىي تېمىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشى، پۇختا ئىگىلىشى، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك.

مانا بۇ 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ھەقىقىي، ئەتراپلىق، توغرا ئىگىلەش-ئىگىلىيەلمەسلىكنىڭ ئاچقۇچى. 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا، تۆۋەندىكى تۆت مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىشقا

ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى ۋە يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم.** دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگودىكى ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى. 15-قۇرۇلتاي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىدىكى تۈپ يېتەكچى رولىنى چوڭقۇر شەرھلىدى ھەمدە ئۇنى پۈتۈن پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ 15-قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ چوڭ نەزەرىيىۋى تۆھپىسى ۋە ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى، شۇنداقلا پارتىيىمىز 21-ئەسىرگە يۈزلىنىپ ئوتتۇرىغا قويغان تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك تەدبىر. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى ئەسلىگىنىمىزدە شۇنى كۆرىمىزكى، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى تېپىپ چىقىپ، ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى ۋە پۈتۈن بىر يۈرۈش توغرا فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بېكىتەلىشى، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا كەسكىن سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىشى، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلىرىمىزدا يېڭى ھاياتىي كۈچنىڭ ئۇرغۇپ چىقالىشى ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنىڭ نامايان بولالىشى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىزدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بولغانلىقىدىندۇر. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقى ئۇلۇغ بايراق، شانلىق بايراق، غەلىبىلىك بايراق، ئۇ بىزنىڭ ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بارلىق خەۋپ-خەتەرلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى. يىز ئەسىر ھالقىيدىغان بۈيۈك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەزمەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز، بۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلارنى ۋە خەلقنى تەربىيىلەش، پۈتكۈل ئىشلىرىمىزغا ۋە ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئەڭ مۇھىمى ئىدىيىدە ۋە خىزمەتلەردە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى چوقۇم مۇستەھكەم تىكلىشىمىز، ئاڭلىق ھالدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. رەھبىرىي كادىرلار، ئالدى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار

بۇ مەسىلىدە سەگەك ۋە قەتئىي بولغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن پارتىيىنى باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 15-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

**ئىككىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى ۋە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي پروگراممىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم.** دۆلىتىمىزنىڭ تېخى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدەك ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، دۆلەت ئەھۋالىنى ئىلمىي چۈشىنىش—دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ھەر تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا 15-قۇرۇلتاينىڭ ئىلمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى. بىز ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىمىز، بۇنىڭدا ئەڭ ئاساسلىقى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئاھۋالىنى ئەتراپلىق تونۇش ۋە توغرا ئىگەللەش لازىم. پەقەت ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەردىكى تۈپ ئالاھىدىلىكىنى بىلگەندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئالىي پروگراممىسى بىلەن ھازىرقى باسقۇچتىكى كۈرەش نىشانىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگىلى، پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ دېگەن تارىخىي ھەقىقەتنى ھەقىقىي چەشەنگىلى بولىدۇ؛ ئاندىن پارتىيىمىزنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان باشقا لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويماي، ھازىرقى لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولىدۇ؛ ئاندىن 15-قۇرۇلتايدا چىقىرىلغان بىر قاتار چوڭ تەدبىرلەرنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە توغرىلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۆز ئىدىيىمىزنى 15-قۇرۇلتاينىڭ روھى ئاساسىدا ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرگىلى، شۇنىڭ بىلەن بىلىش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدىكى قارىغۇلۇقتىن، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشتىن ساقلىنىپ، توسالغۇلارنى يېڭىش ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالغا ئاساسەن، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، ۋە مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ نىشان ۋە تۈپ سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەسلەپكى باسقۇچتىكى جوڭگوچە سوتسىيا-

لىزىم قۇرۇش پىلانىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. بۇ — پارتىيىمىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشى ۋە كېڭىيىشى، شۇنداقلا يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ ئاساسلىق تەجرىبىلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى. بىز چوقۇم بۇنى توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە ئىگەللىشىمىز، ھەممە ئەمەلىيەت جەريانىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى، تۈپ پروگراممىسىنى ۋە تۈپ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ ۋە بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

**ئۈچىنچى، 15-قۇرۇلتاينىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن چىقارغان بىر قاتار زور تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم.** 15-قۇرۇلتاي نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ بىر قاتار چوڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە يېڭى تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، نەزەرىيىدە يېڭى بۆسۈش، يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى ھاسىل قىلدى. 15-قۇرۇلتاي-نىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا، چوقۇم بۇ يېڭى تەدبىرلەرنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ۋە توغرا ئىگەللەش، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. مەسىلەن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتە، تۆۋەندىكىدەك مۇھىم بايانلارنى ئېنىق چۈشىنىشكە دىققەت قىلىش لازىم: (1) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بايان. (2) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىكنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، يەنە ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقى تەركىبى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىدارلىقى تەركىبىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى؛ ئومۇمىي مۈلۈكنى ئۈستۈنلۈكتە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، مىقدار جەھەتتە ئۈستۈنلۈك بولۇش زۆرۈر، سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش تېخىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكى؛ دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچى رول ئويىنىشى ئاساسەن ئۇنىڭ تىزگىنلەش كۈچىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار. (3) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى كۆپ خىللاشتۇ-رۇلسا بولىدىغانلىقى، بەلكى كۆپ خىللاشتۇرۇلۇشى كېرەكلىكى، ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قانۇن-يىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تەشكىللەش شەكلىدىن دادىل پايدىلىنىلسا بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار. (4) پاي تۈزۈمىنىڭ زامانىۋى كارخانىنىڭ بىر خىل كاپىتال

توپلاش شەكلى ئىكەنلىكى، ئۇ كاپىتالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسا بولىدىغانلىقى، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار. (5) زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات يۆنىلىشى ئىكەنلىكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغىچە كۆپ قىسىم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تايانچ كارخانىلاردا دەسلەپكى قەدەمدە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا تىرىشىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى بايانلار. (6) پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئىسلاھات جەريانىدىكى يېڭى شەيئى ئىكەنلىكى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك جەھەتتە بىرلىشىشى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ كاپىتال جەھەتتە بىرلىشىشىنى ئاساس قىلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش لازىملىقى ھەققىدىكى بايانلار. (7) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىكنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بايان. (8) مۈلۈك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەر خىل كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتى ۋە ئادىل رىقابىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش ھەمدە شۇ كارخانىلارنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش لازىملىقى ھەققىدىكى بايانلار. (9) ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىش، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلىنى تەڭ ساقلاپ قېلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا قاراپ تەقسىم قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، كاپىتال، تېخنىكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ كىرىم تەقسىماتىغا قاتناشتۇرۇلۇشىغا يول قويۇش ۋە ئىلھام بېرىش لازىملىقى ھەققىدىكى بايانلار، ۋە باشقىلار. 15-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسەت، مەدەنىيەت، دۆلەت مۇداپىئەسى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، دىپلوماتىيە ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەردىكى مۇھىم بايانلارنىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش لازىم. قىسقىسى، ئۆگىنىش ئارقىلىق، 15-قۇرۇلتاي ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى ئەتراپلىق ئىگەللەپ، بىزنىڭ سىياسەت كۆزقارىشىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش سەۋىيىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

**ئۈچىنچى، يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۈستىگە ئالغان زور تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى ۋە پارتىيىنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم.** جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيە رەھبەرلىكىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيىنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇپ چىقىشتا، بۇ — دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ھۆكۈم. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ۋە يېڭى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن

ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي نىشانىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ۋە پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتلەردە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، چىرىتىشكە تاقابىل تۇرۇش-ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدەپ، ھەر ساھەدىكى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش ناھايىتى مۇھىم ئىش. 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ ئەسىر ئالمىشىۋاتقان تارىخىي ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇپ، بىر پاراگراف ھەجمىنى چىقىرىپ بىر ئەسىردىن بۇيان جۇڭگو خەلقى ئىلگىرىلەش يولىدا بېشىدىن كەچۈرگەن ئۈچ قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور ئۆزگىرىشنى ئەسلەش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كېيىنكى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 50 يىلىدىكى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا نەزەر سېلىشتىن مەقسىتى، مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى "جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنىڭ، خەلق ئازادلىقىنىڭ ۋە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلالايدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئېچىپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقنىڭ بەختلىك ياشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ" دېگەن بۇ يۈز يىللىق غايەت زور ئۆزگىرىشتىن چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈننى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىش ۋە تېخىمۇ ياخشى ھالدا ئۈستىگە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنى كۆرۈپ يېتىش كېرەككى، پارتىيىمىزنىڭ ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشلىرى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئاز كەم 20 يىلدىن بۇيانقى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 48 يىلدىن بۇيانقى، پارتىيىمىز قۇرۇلغان 76 يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ داۋامى، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان مىللىي مۇستەقىللىقنى، خەلق ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش-قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى ئورتاق بېيىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان ئىشلىرىنىڭ داۋامى،بۇ ئىشلار تارىخىي خاراكتېرلىك

نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، بىراق ئۇ تېخى تولۇق پۈتكىنى يوق، بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ مۇشكۇل. 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: 20-ئەسىر ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتتا، "پارتىيىمىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى ئالدىدا يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان" دېيىلگەن. بۇ قايسى تارىخىي مەسئۇلىيەت؟ ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئۇلۇغ كۆرەشلىرىنىڭ جۈملىدىن سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى ئىشلارنىڭ نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار ئاچقان سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، سوتسىيالىزم ئاساسىدا جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا، خەلققە، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلەيمىز. بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىمىز مۇشۇنداق تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى، بۇ خىل تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تېخىمۇ زور ئىشەنچ ۋە قىزغىنلىق بىلەن گۈزەل كېلەچەكنى ئېچىپ، يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا جەزمەن ياخشى روھىي كەيپىيات بولۇشى كېرەك. 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ بېشىدا "پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي چىڭ تۇتۇش، كونا ئەنئەنىگە ئېسىلىۋالماي يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش" دېگەن بىر جۈملە سۆز بار، بۇنىڭدا ئېيتقىنى دەل بىر خىل جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىدىغان روھىي كەيپىيات. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ماركسىزمغا خاس سىياسىي جاسارەت، نەزەرىيىۋى جاسارەت ۋە ئەمەلىي ئىشلەش جاسارىتىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ ئاڭلىق تەتبىقلاپ يېڭى مۇسابىقىنى كۈتۈۋېلىش، يېڭى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىش، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە خەتەرگە دۇچ كەلگەندىمۇ تەۋرەنمەي قالماسلىق—مانا بۇلارمۇ بىر خىل ياخشى روھىي كەيپىيات، بىر خىل قەتئىي، تەمكىن بولغان روھىي كەيپىيات. مۇشۇنداق روھىي كەيپىيات بولغاندا، بىز توغرا تەشەببۇستا چىڭ تۇرالايمىز، خاتا كۆزقاراشنى توسىيالايمىز، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ۋە قەتئىيلىكنى ئىزچىل ساقلاپ قالالايمىز؛ "ئۈچ پايدىلىق بولۇش"نى ئۆلچەم قىلىپ دادىل ئىزدىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئەمەلىيەتكە ئاتلىنىپ، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، توغرىسىنى داۋاملاشتۇرالايمىز، خاتاسىنى تۈزىتەلەيمىز؛ خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي، ئېگىلمەس-سۇنماس جاسارەت ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئەسىر ھالقىيدىغان سەپەردە باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلاپ ماڭالايمىز. قىسقىسى،

15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىمىز، ئىزچىللاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، بۇنى جەزمەن ھەر تۇرلۇك خىزمەتلىرىمىزدە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يول ئېچىپ ئىلگىرلەيدىغان، راستچىل-ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھى بىلەن جاپالىق، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان روھىي كەيپىياتىمىزدا ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە كۆرسىتىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى مۇشۇنداق روھىي كەيپىيات بىلەن 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم.

## 3. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلايدىغان ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم

يولداش جياڭ زېمىن شۇنى كۆپ قېتىم كۆرسەتتىكى، ماركسىزمغا مۇئامىلە قىلىشتا ئۆگىنىش ئۇسلۇبى مەسىلىسى بار، ئۇ بولسىمۇ، كىتابتىكىنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ ياكى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىپ جۇڭگونىڭ ئەمەلىي مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىش كېرەكمۇ دېگەندىن ئىبارەت. 15-قۇرۇلتاي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك قارارنى چىقىرىپ، پۈتۈن پارتىيە بويىچە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنى كۆتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان پەيتتە، پۈتۈن پارتىيە 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئاكتىپ ئۆگىنىۋاتقان ۋە ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلايدىغان ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلەش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ماركسىزمغا تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسىنى توپ نېگىزىدىن ياخشى ھەل قىلىش لازىم. بىز ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىش بىلەن ئىسلاھات، قۇرۇلۇشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تەتقىق قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت-

تىن ئىزدەش ئاساسىدا يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىسەك، ھەم ماركسىزمنىڭ توپ پرىنسىپىدا ۋە مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرساق، ھەم ۋاقتى ئۆتكەن ئايرىم يەكۈنلەر بىلەن چەكلىنىپ قالمىساق؛ ھەم ھازىرقى نەتىجە ۋە تەجرىبىلەرنى قەدىرلىسەك، ھەم ئۈزلۈكسىز ئىجادىيەت ياراتساق، بۇ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتا چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، بىزنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاشنى كۆزدە تۇتساق، ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى نەزەرىيىۋى مۇلاھىزىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كۆزدە تۇتساق، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتساق، بۇمۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتا چىڭ تۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ”ئۈچ پايدىلىق بولۇش“ ئۆلچىمى بويىچە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم قائىدىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ نەزەرىيە جەھەتتىكى زور بۆسۈش بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئالدىمىزغا مۇنداق بىر تېما قويۇلدى: قانداق قىلغاندا دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قائىدىلەر بويىچە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، دادىللىق بىلەن سىناق قىلىش بىلەن بىللە، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشنى، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىشنى، ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشنى، ھەر دائىم تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە دىققەت قىلىپ، زىيانسىز ساقلىنىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ مانا بۇنىڭدا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشقا ماھىر بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسى بار. بولۇپمۇ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان رېئاللىشىش شەكلىنى تېپىپ چىقىش، جۇملىدىن پاي تۈزۈمى ۋە پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش سىياسەت خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بىر خىزمەت بولۇپ، ئۇنى توغرا يېتەكلەپ، پائال ۋە پۇختىلىق بىلەن قەدەممۇقەدەم ئالغا سىلجىتىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇبادا مەمۇرىي ئۇسۇل بىلەن مەجبۇرىي يۈرگۈزۈپ، ئالدىراقسانلىق قىلساق، ئالمان-تالمان ئىش باشلاپ، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىسەك، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغان بولىمىز، چاتاق چىقىرىپ قويىمىز. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلايدىغان ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىش كەيپىياتىنى، دېموكراتىك مۇزاكىرە قىلىش كەيپىياتىنى، ئاكتىپ ئىزدىنىش كەيپىياتىنى، راستچىل-ئەمەلىيەتچىل بولۇش كەيپىياتىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇ-

شىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ؛ بىزنىڭ ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى، بىلمەك بىلەن قىلماقنى بىرلەشتۈرۈشىمىز، ھەم نەزەرىيە بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، ھەم نەزەرىيە بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىپ، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قاراش ۋە قىممەت قاراشنى مۇستەھكەم ئورنىتىپ، چىرىتىشكە تاقابىل تۇرۇش-ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ.

يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىۋاتقان ئەھۋالدا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش يەنە بىر يېڭى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ نەزەرىيە جەھەتتە ئالغا بېسىش، ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”دۇنيا ۋەزىيىتى كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز. ھازىرقى بىر يىل ئىلگىرىكى قەدىمىي جەمئىيەتتىكى نەچچە ئون يىل، يۈز يىل، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىتقا باراۋەر كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ماركسىزمغا يېڭى ئىدىيە، كۆزقاراش بىلەن ۋارىسلىق قىلمىغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرمىغان كىشى ھەقىقىي ماركسىزمچى ئەمەس.“ ئەمەلىيەت كۆزقارىشىدىن، تەرەققىيات كۆزقارىشىدىن، ئىجادىيەت كۆزقارىشىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، ماركسىزم-لېنىنىزمدا، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرۇشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. زامانىمىزدىكى جۇڭگودا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى —تۈپ تومۇرىدىن بىر-بىرىگە باغلانغان بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىدىن ۋاز كېچىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ۋاز كەچكەندە، تۈپ ئاساستىن ئايرىلىپ قالىدىغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، ماركسىزم توختىماي تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزگەرمەي بىر قېلىپتا تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقنى ئېگىز كۆتۈرۈشنى بەلگىلەشتە دەل ماركسىزمنىڭ تەرەققىي قىلىدىغان تەلىمات ئىكەنلىكى، ماركسىزم چوقۇم دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىملىقى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تونۇش ئاساس قىلىنغان. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ؛ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىك بولىدۇ. 15-قۇرۇلتاي دېڭ

شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە تەۋرەنمەسلىكنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇ نەزەرىيىنى داۋاملىق بېيىتىش ۋە ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ۋە پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ جىددىي تارىخىي مەسئۇلىيىتى دەپ كۆرسەتتى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىدا قەتئىي چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ جانلىق ئىپادىسى. پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرى بولۇش، مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ۋە مەركىزىي كومىتېت كاندىدات ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، ئىلگىرىلەش داۋامىدا يولۇققان ھەر خىل يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلىلەرنى ئاڭلىق ھالدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق ھەل قىلىشىمىز، ئاممىنىڭ يېڭى ئىجادىيەتلىرىنى ۋە يېڭى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، يېڭى ئەمەلىيەت ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېڭى نەزەرىيە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسە-نى بېيىتىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە تېخىمۇ ياخشى چىڭ تۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتالايمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: تۇرسۇن رەھىم**
**دولقۇن قادىر**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# تارىخي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇلۇغ بايراقنى ھەققىي ئېگىز كۆتۈرەيلى

—لېنىن، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىنىڭ ئۆلگىلىك ئەھمىيىتى ھەم ئۇنىڭدىن ئېلىنىغان چوڭقۇر ئىلھام توغرىسىدا

لى يۈن

پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ جېنى—دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش. 15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا ”بايراق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم“ دەپ تەكىتلەنگەن بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا چاقىرىق چىقىرىلغان. بايراق مەسىلىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تونۇش ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا قانداق قىلىپ بايراقنى ھەققىي ئېگىز كۆتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە، ئۈچ نەپەر ئىنقىلابىي ئۇلۇغ زات—لېنىن، ماۋ زېدۇڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەرنى يارىتىپ، بىز ئۈچۈن ئۆگىنىش ئۆلگىسى تىكلەپ بەردى.

## لېنىن، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ—ماركسىزم بايرىقىنى ھەققىي ئېگىز كۆتۈرۈشنىڭ ئۆلگىسى

خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە، لېنىن—ماركسىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ھەققىي ئېگىز كۆتۈرۈشنىڭ پارلاق ئۆلگىسى.

1895-يىلى ئېنگېلس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بېرنىشتېين ئېقىمىدىكىلەر ھەددىدىن زىيادە كۆرەڭلەش پوزىتسىيىسى ۋە ئەڭ مۇكەممەل شەكىل بىلەن ماركسىزم تەلىماتىغا تۈزىتىش ۋە ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى، يەنى شيۇجېڭجۇيىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇلار ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ پەلسەپە، ئىقتىسادشۇناسلىق، سىياسەت قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن ماركسىزم-نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىپ، ماركسىزم بايرىقىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق چۆرۈپ تاشلىدى. بۇ چاغدا لېنىن بىر قاتار ئەسەرلەرنى يېزىپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھەم ئۇنىڭ ئىنقىلابىيلىق، ئىلمىيلىق، ئوچۇقلۇق، ئىجادچانلىق ئالاھىدىلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلدى، پۇرسەتپەرەسلىكنى، شيۇجېڭجۇيىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىدى ۋە سىستېمىلىق تەنقىد قىلدى. لېنىن ماركسىزمنى باتۇرلۇق بىلەن قوغداپلا قالماي، بەلكى ماركسىزم قائىدىلىرىنى ئىجادكارلىق بىلەن قوللىنىپ، جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى زىددىيەتلەرنى ئىلمىي ھالدا تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىپ، جاھانگىرلىك توغرىسىدىكى مۇكەممەل، سىستېمىلىق تەلىماتنى بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىزم ئالدى بىلەن ئاز ساندىكى دۆلەتلەردە ھەتتا يالغۇز بىر دۆلەتتە غەلىبە قىلىشى مۇمكىن دېگەنگە ئوخشاش نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماركسىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ لېنىنىزم باسقۇچىغا كۆتۈردى. دەل لېنىنىزم بايرىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 1917-يىلى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لېنىن يەنە ماركسىزم قائىدىلىرىنى روسىيە سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش ۋەزىپىسىنى دەل ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، قالاق دۆلەتلەردە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولى، شەكلى ۋە ئۇسۇلى توغرىسىدىكى يېپيېڭى تەلىماتنى بەرپا قىلىپ، كېيىنكى سوۋېت روسىيىسى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىلمىي نەزەرىيە ئاساسىنى سېلىپ بەردى، بۇنىڭ بارلىق قالاق دۆلەتلەردە سوتسىيالىم قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى بار.

پارتىيىمىز تارىخىدا، بولۇپمۇ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، ماۋ زېدۇڭ ماركسىزم-لېنىنىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ھەققىي ئېگىز كۆتۈرۈشنىڭ پارلاق ئۈلگىسى.

پارتىيىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا ماركسىزم-لېنىنىزمنى تەنتەنە بىلەن ئۆز بايرىقىغا يازغان-دى. مۇشۇ بايراقنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن، پارتىيە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى داۋاملىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، مىللىي ۋە ئىجتىمائىي ئازادلىق ئىشلىرىدا ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىراق مۇشۇ مەزگىلدە، پارتىيە ئىچىدە

ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئوڭچىل تەسلىمچىلىك خاتالىقى ۋە ”سول“چىل تەۋەككۇلچىلىك خاتالىقى يۈز بېرىپ، پارتىيىنى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنى ئىنتايىن ئېغىر زىيانلارغا ئۇچراتتى. بۇ خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىشىگە، ئاساسەن، پارتىيىمىزنىڭ گۆدەك مەزگىلدە تۇرغانلىقى، نۇرغۇن يولداشلارنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكى ۋە توغرا ئىگەللىيەلمىگەنلىكى، ئۇنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ توغرا قوللىنىشقا ماھىر بولمىغانلىقى سەۋەبچى بولغان. ئىدىيە مەنبەسىدىن ئېيتقاندا، سۇبيېكتىپچىلىق ۋە شەكىلۋازلىق سەۋەبچى بولغان، ئۇچىنچى قېتىملىق ”سول“چىل خاتالىق ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە دوگمىچىلىق بۇنىڭ تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىسى بولغان. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ماركسىزمنىڭ ماھىيىتىنى تاشلىۋېتىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم كىتابلىرىدىكى بەزى سۆز-ئىبارىلەرنى مېخانىك رەۋىشتە قوبۇل قىلىۋېلىش. ھەمدە ئۇلارنى جۇڭگوغا كۆچۈرۈپ كېلىپ ئەقىدە قىلىۋېلىش. ماۋ زېدۇڭ دوگمىچىلىققا ۋە سۇبيېكتىپچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ھەر قېتىملىق ”سول“چىللىق ۋە ئوڭچىللىق خاتالىقلىرىنى قەتئىي توسقان ۋە كۈرەش قىلغان. ئۇ ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، ئاساسىي قانۇنىيىتىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ، جۇڭگوچە دېموكراتىك ئىنقىلاب يولىنى تېپىپ چىقىپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەريانىدىكى بىرىنچى قېتىملىق تارىخىي سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ قېتىمقى سەكرەشنىڭ ئۇلۇغ نەزەرىيىۋى نەتىجىسى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن ئىبارەت. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىرلەشتۈرۈلگەن ئىدىيە، جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى. ماۋ زېدۇڭ، ماركسىزم-لېنىنىزملىق پوزىتسىيە بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزمغا مۇئامىلە قىلىش لازىم، بۇ نەزەرىيىنى جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ نەزەرىيە مەسىلىسى ۋە تاكتىكا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم، بۇنداق پوزىتسىيە نىشانلىق ئوق ئېتىش پوزىتسىيىسى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسىدۇر، دەپ تەكىتلىگەن. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزى بولسا دەل ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى، نىشانلىق ئوق ئېتىش پوزىتسىيىسى بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ جۇڭگونىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈلگىسى.

پارتىيىمىز تارىخىدا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە، دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسى.

”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“ تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى قالايمىقانچىلىقنى ئومۇميۈزلۈك ئوڭشاش جەريانىدا، خېلى كۆپ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ئېغىر قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى: بەزى كىشىلەر ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتالىقلىرىغا چىڭ يېپىشىۋېلىپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قاتمال نۇقتىئىنەزەر ۋە دوگمىچىلىق پوزىتسىيىسىدە مۇئامىلە قىلىپ، ”ئىككى ئومۇمەن“ دېگەن نېمىنى يولغا قويدى؛ بەزى كىشىلەر بولسا ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى باھانە قىلىپ، بۇنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى ئىنكار قىلىپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلاندى. دېمەك، ماۋ زېدۇڭ ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە توغرا باھا بېرىش پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى يادرولۇق مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. دەل مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە، دېڭ شياۋپىڭ ئۇزۇل-كېسىل تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇلدا تۇرۇپ، بۇ مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈپ يېتەكچى ئىدىيە ۋە يېتەكچى پرىنسىپنى بېكىتىپ بەردى. بىرىنچى، ئۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنىنى تىكلەش، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزىگىلا تاقىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالماستىن، بەلكى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ پۈتكۈل تارىخى بىلەن زىچ باغلانغان مەسىلە. بۇ يالغۇز نەزەرىيە مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي مەسىلە، خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى زور سىياسىي مەسىلىدۇر. ئىككىنچى، ئۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ تۆھپىلىرىنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، خاتالىقلىرىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇنداق خاتالىق ”ئانچە كىچىك“ بولمىغان ”سىياسىي خاتالىق“، بىراق بۇنىڭ بىر ئۇلۇغ ماركسىزمچى ئۆتكۈزگەن خاتالىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ سەۋەبىنى شەخسنىڭ پەزىلەت مەسىلىسىگە ئارتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك، بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە تۈزۈم مەسىلىسىدۇر. ئۈچىنچى، ئۇ، ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسى بولغان ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتالىقلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش لازىم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ماركسىزمنىڭ جۇڭگودا تەتبىقلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى، ماۋ زېدۇڭنىڭ خاتالىقى ئۆزىنىڭ توغرا نەرسىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن بولغان، شۇڭلاشقا ماۋ زېدۇڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا خاتالىق ئۆتكۈزدى دەپ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن گۇمانلىنىشقا ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى دېگەن بۇ بايراقنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇ بايراقنى تاشلىۋەتكەنلىك، ئەمەلىيەتتە، پارتىيىمىزنىڭ پارلاق تارىخىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. ھازىرلا

ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. تۆتىنچى، ئۇ، تارىخىي مەسىلىلەر ئۈستىدە يەكۈن چىقارغاندا، بولۇپمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا باھا بەرگەندە، بەك ئىنچىكىلەپ كەتمەسلىك كېرەك، ئۆتكەن ئىشلارنى يەكۈنلەشتىكى مەقسەت كۆپچىلىكنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراشقا يېتەكلەش، دەپ تەكىتلىدى. بەشىنچى، ئۇ يەنە قانداق قىلغاندا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئىككى ئومۇمەن" دېگەن كۆزقاراشتىكىلەر ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتا ئىدىيىسىنى شۇ پېتىچە داۋاملاشتۇرماقچى بولىدۇ، بۇنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش دېگىلى بولمايدۇ. بىز ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ھەر بىر مەزگىلدە، ھەر خىل فاڭجېن-سىياسەت مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. "مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھازىرقى فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق زور ئىرادىگە كېلىش، ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تېزلىتىش تازا ياخشى ئېگىز كۆتۈرگەنلىك بولىدۇ. بۇلاردىن باشقىسى شەكلەن ئېگىز كۆتۈرۈش، يالغان ئېگىز كۆتۈرۈش بولىدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 275-بەت) پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى» بىر قاتار ئىشلارنىڭ چەك-چېگرىسىنى تۇپتىن ئايرىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئىلمىي باھا بېرىپ، "ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرىنىڭ ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى" دەپ كۆرسەتتى، ھەمدە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنلىرىنى تولۇق، سىستېمىلىق شەرھلەپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تونۇشىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېلىمىز جەمئىيىتىنىڭ مۇقىم، ئىتتىپاق بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم ئىدىيىۋى شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىپ، سىياسىي جەھەتتە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان قالايمىقانچىلىق ھەتتا مالىمانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالدى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرۈشى ئۇنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىجادكارلىق بىلەن قوللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىدا تېخىمۇ تولۇق ئىپادىلىنىدۇ. يېڭى تارىخىي دەۋردە، دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزگە باشلامچىلىق قىلىپ،

ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئىلمىي يەكۈنلەپ، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى قايتا تونۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى تېپىپ چىقتى. بۇ — ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەريانىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش. بۇ قېتىمقى سەكرەشنىڭ ئۇلۇغ نەزەرىيىۋى نەتىجىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ نەزەرىيە روشەن ئىجادچانلىق، سىستېمىلىق ۋە ئىلمىيلىق خاراكتېرگە ئىگە، ئۇ جۇڭگودەك ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار ئاساسىي مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا دەسلەپكى قەدەمدە جاۋاب بەرگەن بولۇپ، بىر يېڭى ئىلمىي سىستېما بولۇپ شەكىللەندى؛ بۇ نەزەرىيە دۇنياقاراش، مېتودولوگىيىدىن تارتىپ ئاساسىي قائىدىگىچە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ھەر جەھەتتىن ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن تۈپ تومۇردىن بىر-بىرىگە باغلانغان بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما؛ بۇ نەزەرىيە يەنە دۇنياقاراش، مېتودولوگىيىدىن تارتىپ ئاساسىي قائىدىگىچە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى زور دەرىجىدە ئالغا سۈردى، بۇ ئالغا سۈرۈش ئايرىم مەسىلىلەردە ئىپادىلەنمەستىن، بىر قاتار مەسىلىلەردە ئىپادىلەندى، ئۇ ئىلگىرىكى ئاساستا ئادەتتىكىچە ئىلگىرىلەش بولماستىن، تۈپ ئاساستىن بۆسۈش ھاسىل قىلىش بولدى، يالغۇز مىقدار جەھەتتىكى كۆپىيىش ۋە كېڭىيىش بولماستىن، سۈپەت جەھەتتىكى يۈكسىلىش بولدى، ئۇ ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىپ، سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشنى يېڭى ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈردى. شۇڭا ئۇ ماركسىزمنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى. ئەگەر، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرىنىڭ ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى دېيىلسە، ئۇنداقتا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرىنىڭ ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگودا، سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا نەزەرىيە بىلەن ئەمەس، مۇشۇ نەزەرىيە بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

# ئۈچ نەپەر ئىنقىلابىي ئۇلۇغ زاتنىڭ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈشى بىزنى قىممەتلىك تارىخىي تەجرىبە بىلەن تەمىن ئەتتى

يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئاساسەن، لېنىن، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ ئۈچ ئۇلۇغ زاتنىڭ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈشىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئېپادىسىدىن ئېيتقاندا، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بىرىنچى، ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى شۇ چاغدىكى دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ماركسىزم ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى قوللىنىپ ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرغان. لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: ماركسىزم بىزنى پەقەت ئومۇمىي **يېتەكچى** پرىنسىپ بىلەنلا تەمىن ئېتىدۇ" («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 1-توم، 274-بەت). شۇڭا ماركسىزم قائىدىلىرىنى قوللىنىشتا، ئوخشاش بولمىغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئوخشاش بولمىغان شارائىتنى نەزەردە تۇتۇش، ئۇنى ئالاھىدە ۋاقىت، ئورۇن ۋە شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۆزى ماركسىزمنىڭ بىر مۇھىم پرىنسىپى. لېنىن دەل دۇنيانىڭ جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى، روسىيىنىڭ كاپىتالىزم تەرەققىي تاپمىغان، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە نىسبەتەن ئارقىدا قالغان دۆلەت ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى كونكرېت قوللىنىپ بۇ "بىرلەشتۈرۈش" مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، روسىيە پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ شۇنداقلا دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ نىشانىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، بىر دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولىنى تاپتى. ماۋ زېدۇڭمۇ دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ئىكەنلىكىدەك ئالاھىدە دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى كونكرېت قوللىنىپ بۇ "بىرلەشتۈرۈش" مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، جۇڭگوچە دېموكراتىك ئىنقىلاب يولىنى تېپىپ چىقتى. دېڭ شياۋپىڭ بولسا تىنچلىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ دۇنيادىكى ئاساسىي تېما بولۇپ قالغانلىقى ۋە جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدەك يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە يېڭى ئەمەلىيەت-نى چىقىش قىلىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى كونكرېت قوللىنىپ

بۇ ”بىرلەشتۈرۈش“ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بەرپا قىلدى. دېمەك، ماركسىزم ئومۇمىي ھەقىقىتىنى دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە يۈكسەك ئېتىبار بېرىش ھەم ئۇنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچ ئۇلۇغ زاتنىڭ ماركسىزمدا توغرا ھالدا چىڭ تۇرالىغانلىقىدىكى بىرىنچى مۇھىم سەۋەب، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ماركسىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى.

ئىككىنچى، ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ھەم ماركسىزمغا ۋارىسلىق قىلدى، ھەم يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماركسىزمنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ماركسىزمنى ئىلگىرى سۈردى. ماركسىزمنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ ئەقىدە بولماستىن، ھەرىكەتنىڭ قىبلىنەماسى بولغانلىقىدا. سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى مەڭگۈ بىر نۇقتىدا توختاپ قالمايدۇ، ماركسىزم مۇشۇ ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرغان ھەمدە باشتىن-ئاخىر ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغاندىلا، كومپاسلىق رولىنى ئوينىيالايدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”بىز ھەرگىز ماركسىزم نەزەرىيىسىنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ۋە چېقىلغىلى بولمايدىغان بىر خىل مۇقەددەس نەرسە دەپ قارىمايمىز؛ دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىز چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، ئۇ پەقەت بىر خىل ئىلىمغا ئاساس سېلىپ بەردى، خالاس، سوتسىيالىستلار ئەمەلىي تۇرمۇشتىن كېيىن قېلىشنى خالىمىسا، بۇ ئىلىمنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئىلگىرى سۈرۈشى **كېرەك.**“ (يۇقىرىقى كىتاب، 274-بەت) ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەن: ماركسىزم چوقۇم ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشى، ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىشى كېرەككى، توختاپ قالماسلىقى كېرەك. توختاپ قالسا، ئۆز پېتى تۇرىۋەرسە، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى قالمايدۇ. دېڭ شياۋپىڭ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”ماركسىزمنى ئەمەلىي تەرەققىيات بويىچە ئالغا سىلجىتمىساق، خىزمىتىمىزنى ياخشى ئىشلەپ كېتەلەمدۇق؟ بىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىمىز، دېگىنىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالامدۇ؟“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 391-بەت) 1989-يىلى ئۇ يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: ”ماركسىزمنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەر بىلەن داۋاملاشتۇرمىغانلار ھەقىقىي ماركسىزمچى ئەمەس.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 599-بەت) ستالىن ئەينى يىللاردا لېنىنىزمنى شەرھلىگەن چاغدا، لېنىنىزمغا ”جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ماركسىزم“ دەپ تەبىر بەرگەن، ئۇ لېنىننىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماركسىزمنى ئىجادكارلىق بىلەن قوللانغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، لېنىننىڭ يېڭى شارائىتتا قانداق قىلىپ

”ماركس تەلىماتىنى راۋاجلاندۇرغان“لىقىنى، قانداق قىلىپ ”ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي غەزىنىسىگە ماركس بىلەن ئېنگېلس يەتكۈزۈپ بەرگەن نەرسىلەرگە، جاھانگىرلىكتىن بۇرۇنقى كاپىتالىزم دەۋرىدە يەتكۈزۈش مۇمكىن بولغان نەرسىلەرگە قارىغاندا، بەزىبىر تېخىمۇ يېڭى نەرسىلەرنى قوشقان“لىقىنى ئالتە جەھەتتىن ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق بايان قىلغان («ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى،1-توم، 1000-بەت). پارتىيىمىزنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى» دىمۇ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئىجادىي نەزەرىيە بىلەن بېيىتقانلىقى ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقى ئالتە جەھەتتىن كۆرسىتىلگەن. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇنداق تەرەققىي قىلدۇرۇش ياكى ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭغا نۇرغۇن يېڭى، مۇھىم نەرسىلەرنى قوشقان بولۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىدە ئىپادىلەنگەن؛ ياكى ئەمەلىيەتنى ئۆلچەم قىلىپ، ”ئەجداد“لىرىمىزنىڭ بەزى توغرا بولمىغان، ئىلمىي بولمىغان ۋە كونا، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن فورمۇلا ۋە خۇلاسىلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن يېڭى فورمۇلا، يېڭى خۇلاسىلەرنى دەسسىتىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە روشەن دەۋر تۈسى بېرىپ، ئۇنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتقانلىقىدا ئىپادىلەنگەن؛ ياكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، پۈتۈنلەي يېڭى نەزەرىيىۋى پرىنسىپ ۋە نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە بېيىتقانلىقىدا ئىپادىلەنگەن. قىسقىسى، دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى يېڭىلىق يارىتىشتا. بۈگۈنكى كۈندە، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا بىز مۇنداق دېيىشىمىز مۇمكىنكى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بايان قىلىش ئاساسلىقى دېڭ شياۋپىڭ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئومۇمىي غەزىنىسىگە قوشقان ۋە شۇ سەۋەب بىلەن تەبىئىي ھالدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئايرىلمايدىغان ئاشۇ ئالاھىدە ۋە يېڭى تۆھپىلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت. دېمەك، يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئاساسەن ماركسىزمنى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچ ئۇلۇغ زاتنىڭ ماركسىزمدا توغرا ھالدا چىڭ تۇرالىغانلىقىدىكى ئىككىنچى مۇھىم سەۋەب، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ماركسىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك ئىپادىسى.

ئۈچىنچى، ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ئىككى سەپتە ئىدىيىۋى كۈرەشنى مۇۋاپىق قانات يايدۇرۇپ، ”سول“ چىللىق ۋە ئوڭچىللىقنىڭ توسقۇنلۇقىنى قەتئىي چىقىرىپ تاشلاپ، باشتىن-ئاخىر توغرا نىشان ۋە يولنى

ئىگەللىگەن. ئىنقىلابىي ھەرىكەت جەريانىدا، سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى جەريانىدا، تۈرلۈك ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دائىم دېگۈدەك "سول"چىللىق ۋە ئوڭچىللىق ئېغىشلىرى يۈز بېرىدۇ. مەيلى "سول"چىللىق بولىشۇن ياكى ئوڭچىللىق بولسۇن، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزم پرىنسىپ-لىرىدىن ئۇ جەھەتتىن ياكى بۇ جەھەتتىن چەتلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن زىيانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى سەپتىكى ئىدىيىۋى كۈرەشنى تەڭ قانات يايدۇرۇپ، خاتا خاھىشلارنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ماركسىزمنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ساپلىقىنى قوغداش لازىم، بۇ—ماركسىزمنىڭ تەرەققىي قىلالىشىدىكى مۇھىم بىر شەرت. دېمەك، خاتا خاھىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش، "سول"چىللىق ۋە ئوڭچىللىقنىڭ كاشىلىسىنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچ ئۇلۇغ زاتنىڭ ماركسىزمدا توغرا ھالدا چىڭ تۇرالىغانلىقىدىكى ئۈچىنچى مۇھىم سەۋەب، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ماركسىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ھەققىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك ئىپادىسى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچ ئۇلۇغ زات بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈش مەسىلىسىدە بىزگە يارىتىپ بەرگەن ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي تەجرىبە بولۇپ، بىزنىڭ مەڭگۈ ئەستە تۇتۇشىمىزغا ۋە ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز-گە ئەرزىيدۇ.

## بىز بۈگۈنكى كۈندە قانداق قىلساق دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ھەققىي ئېگىز كۆتۈرگەن بولىمىز

بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولسا، قانداق قىلغاندا بۇ بايراقنى ھەققىي ئېگىز كۆتۈرگىلى بولىدۇ؟ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى ۋە پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈش مەسىلىسىدىكى چوڭقۇر پىكرى، قەتئىي پرىنسىپى ۋە يۈكسەك ماھارىتىدىن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا ئەمەل قىلىش لازىملىقىنى بىلگىلى بولىدۇ:

**(1) دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى مۇكەممەل، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش لازىم.** ئەينى يىللاردا دېڭ شياۋپىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە بولغان ھەرخىل خاتا چۈشەنچە ۋە بۇرمىلاشلارنى كۆزدە

تۇتۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىدىيىۋى سىستېما ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى مۇكەممەل، توغرا چۈشىنىش لازىملىقىنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى سىستېمىسىنى ئۆگىنىش، ئىگەللەش ۋە ئىشلىتىش ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ماھىر بولۇش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە نىسبەتەنمۇ، بىز ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئىلمىي ئىدىيىۋى سىستېما ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىمىز، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۈستىدە مۇكەممەل، توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىمىز، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى ئۆگىنىش، ئىگەللەش ۋە ئىشلىتىش ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز لازىم. بۇ بىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، ھەر بىر مەسىلىنى بايان قىلغان چاغدا ئۇنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ باشقا مۇناسىۋەتلىك بايانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، مۇشۇنداق بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگەللىشىمىز، ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ نەقىل كەلتۈرمەسلىكىمىز لازىم؛ دېڭ شياۋپىڭ مەلۇم نۇقتىئىنەزەر ۋە تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان چاغدىكى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە شەرت-شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەسىلىنى مەلۇم تارىخىي دائىرە ئىچىگە قويۇشىمىز، مۇشۇنداق بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق كونكرېت، تارىخىي يوسۇندا ئالاھىدە ئىگەللىشىمىز، مېتافىزىكىلىق ھالدا خالىغانچە ئۇنى ئابستراكتلاشتۇرۇشتىن، ئومۇمىيلاشتۇرۇشتىن، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم؛ ‟شەيئىنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە تونۇش“تەك ماتېرىيالىزملىق پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھەر بىر نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەر ۋە تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ئەسلى مەقسىتىنى ئوبيېكتىپ ھالدا تەتقىق قىلىشىمىز، سۇبيېكتىپچىلىق بىلەن قىياس قىلىش، تەھلىل قىلىشتىن ۋە ئاتالمىش لوگىكىلىق يەكۈن چىقىرىشتىن ساقلىنىشىمىز، ‟ھەركىم ئۆزىگە ئېھتىياجلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش“تەك پراگماتىزملىق يولنى تۇتۇشتىن تېخىمۇ ساقلىنىشىمىز لازىم.

(2) ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا توغرا قوللىنىش ھەم ئۇنى بېيىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ ھايات ۋاقتىدا ھەممىدىن بەك تەكىتلىگىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرى ياكى جېنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، بارلىق خىزمەتلەردە باشتىن-ئاخىر مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ جەۋھىرىنى ئىگەللىشىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىشىمىز، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە، يېزىلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىشىمىز، بولۇپمۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا

تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، مۇشۇ ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنى، سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى، پىلان ۋە ئۇسۇللارنى تۈزۈشىمىز لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يەنە ئوچۇق ھالەتتە تۇرىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان نەزەرىيە، ئۇ ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ ۋە كېڭەيتىپ بېرىشى لازىم. بۇ نەزەرىيىنىڭ سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ئاساسىي مەسىلىلەرگە بەرگەن جاۋابى دەسلەپكى جاۋاب، ئۇ سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى كونكرېت قانۇنىيەتلىرىنى بىلىپ بولغىنى يوق، بىلىپ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ تۈرلۈك دانا تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، تۈرلۈك مۇھىم چارە-ئۇسۇللارنى قوللانغانلىقى ۋە نۇرغۇن مۇھىم تەجرىبىلەرنى ياراتقانلىقى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى توغرا قوللانغانلىقى بولۇپلا قالماي، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بېيىتقانلىقى، تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكىدۇر. 15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى يەنىمۇ تىكلەندى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولۇپمۇ مۈلۈكچىلىك مەسىلىسىدە بىر قاتار يېڭى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى ھۆكۈملەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن نەزەرىيە جەھەتتە مۇھىم بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، زور نەتىجە قازىنىلدى. بۇ، ئەمەلىيەت جەريانىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى داۋاملىق بېيىتىش ۋە ئىجادكارلىق بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسى.

**(3) پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش لازىم.** 15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا: ”11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتىن تەۋرەنمىگەنلىكنىڭ ئۆزى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىن تەۋرەنمىگەنلىك بولىدۇ“ دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدا بايراقنى قانداق ئېگىز كۆتۈرۈش مەسىلىسى پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى بىلەن ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن شەرھلەنگەن بولۇپ، بىزگە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە

ئەڭ مۇھىمى، ئەڭ ئاساسلىقى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشتىن تەۋرەنمەسلىك كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. چۈنكى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئۇلى، ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. مۇشۇ نەزەرىيىگە ئاساسەن، "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى شەكىللەنگەن. بۇ لۇشيەن جۇڭگودىكى سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يولىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئاساسىي نەزەرىيىنىڭ روھى ۋە تەلىپىنى نامايان قىلدى، ئۇ ئاساسىي نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان ھەرىكەت پروگراممىسىدۇر. ئاساسىي لۇشيەندە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئاساسىي نەزەرىيىنى جۇڭگودا رېئاللاشتۇرغىلى، ئاساسىي نەزەرىيىدە كۆزلەنگەن نىشان ۋە مەقسەتنى ئاخىرقى ھېسابتا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**(4) كاللىنى باشتىن-ئاخىر سەگەك تۇتۇپ، ھەر خىل توسقۇنلۇقلارنى چىقىرىپ تاشلاش لازىم.** تارىخ قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، بىر ئۇلۇغ زات ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قانداق بايرىقنى كۆتۈرۈش ۋە بايراقنى قانداق كۆتۈرۈش مەسىلىسىدە، كۆپ ھاللاردا ھەر خىل مۇرەككەپ ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى مۇكەممەل، توغرا چۈشەنگەن ئاساستا، توغرا نىشاننى ئىگەللىشىمىز، ئوڭدىن ياكى "سول"دىن كەلگەن توسقۇنلۇقلارنىڭ تەسىرى ۋە چەكلىمىسى بىلەن نىشاندىن ئېزىپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، بىرىنچىدىن سوتسىيالىزم، ئىككىنچىدىن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك، دېمەك، ئۇ مۇشۇ ئىككىسىنىڭ بىرىكىشىدۇر. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ "چىن مەنىسى" ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىنلا ئىبارەت، ئىزم، نىشان دېگەن نەرسىلەر بىلەن كارىمىز بولماسلىقى لازىم، دەپ تەرغىپ قىلىپ، ھەممە ئىشتا غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بىرىنچىلىرىنى ئۈلگە قىلىشنى تەلەپ قىلىش — بۇ بىر خىل ئوڭ تەرەپتىن كەلگەن توسقۇنلۇق؛ "ئەجداد"لىرىمىز بەلگىلەپ بەرگەن قائىدىلەرنى مىخانىك ھالدا كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى "چۈشەپ قويۇپ"، پارتىيىنىڭ ھازىر يولغا قويۇۋاتقان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەيىبلەپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇرۇنقى كونا يولغا قايتىشنى تەلەپ قىلىش — بۇ بىر خىل "سول" تەرەپتىن كەلگەن توسقۇنلۇق. بۇ ئىككى خىل توسقۇنلۇقنى سەگەكلىك بىلەن قەتئىي چىقىرىپ تاشلىغاندىلا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگىلى بولىدۇ. بىراق نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، "سول" تەرەپتىن كەلگەن

توسقۇنلۇق ئادەمنى ئۇڭايلا ئېزىقتۇرۇپ قويىدۇ، شۇڭلاشقا، ‹‹سول››دىن كەلگەن توسقۇنلۇقنى نۇقتىلىق چىقىرىپ تاشلاش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنداق دېگەنىدى: جۇڭگودا ئوڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇش، ئەمما ‹‹سول››چىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش لازىم. بۇ جۇڭگونىڭ ئاساسىي ئەھۋالىغا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي تارىخى ھەم يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئاساسىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن چىقىرىلغان مۇھىم ھۆكۈم، مەسىلىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئويلىنىپ چىقىرىلغان ئومۇمىي يەكۈن بولۇپ، خېلى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ ھۆكۈم ۋە خۇلاسىدە چىڭ تۇرۇش بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ھەققىي ئېگىز كۆتۈرۈشىمىزنىڭ زۆرۈر شەرتى.

(ئاپتور: جېجياڭ ئۆلكىلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدىن)

**تەرجىمە قىلغۇچى: خۇدابەردى خېلىل**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش—دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي كاپالىتى

**جاڭ گوچۇ**

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش—دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي كاپالىتى“. بۇ ئىلمىي ھۆكۈمدە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قوغداشتىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىلدى. بىز بۇ ئىلمىي ھۆكۈمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم

دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش دۆلەتنىڭ زېمىن، ھاۋا تەۋەلىكى، دېڭىز تەۋەلىكى ھوقۇقىنى ۋە دېڭىز-ئوكيان ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى. دۆلەت بىخەتەرلىكى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قوغدايدىغان پولات سېپىل، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، بىرلىكى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش پارتىيە ۋە خەلق ئارمىيىمىزگە يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچ. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئارمىيىمىز ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلىمىز دەيدىكەن، دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قوغداش ئۈچۈن

يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشى لازىم.

دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجى. ئارمىيە — ئۇستقۇرۇلمىنىڭ، بولۇپمۇ دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ ھەمىشە مۇئەييەن ھۆكۈمران سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇ دۆلەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشتىكى قورالىدۇر. ئارمىيىمىز جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرغان پرولېتارىياتنىڭ يېڭىچە خەلق ئارمىيىسى بولۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغان قوراللىق گۇرۇھ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇستەھكەم ئۇل تېشى، ئىلگىرى شۇنداق بولغانىدى، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇستەھكەم ئۇل تېشى بولغان ئارمىيىمىز قەتئىي ھالدا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوغدىشى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قوغدىشى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مۇقىم بولغان بىر سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى شەرت. ۋەھالەنكى مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئامىللار ئاز ئەمەس، بىرىنچىدىن، ئېلىمىزدە، سىنىپىي كۈرەش جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن سىنىپىي كۈرەش يەنىلا مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، جەمئىيەتكە زىيان سالىدىغان، جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تۈرلۈك جىنايەتچىلەر ۋە جىنايى قىلمىشلار ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ خېلى ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش نىيىتىدە بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار جۇڭگونى ”غەربچىلەشتۈرۈش“، ”پارچىلاش“ قەستىنى ھېچقاچانمۇ تاشلاپ قويغىنى يوق ھەم تاشلاپ قويمايدۇ. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر مۇۋاپىق پۇرسەتكە ئېرىشسىلا ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، مەملىكىتىمىز ھازىر پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇش جەريانىدا تۇرۇۋاتىدۇ، مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشتىن كېلىپ

چىققان ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرمۇ پەيدىنپەي گەۋدىلىنىپ چىقىۋاتىدۇ. شۇڭا، تىنچ سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداش زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىدا باشتىن-ئاخىر ئالدىمىزدا تۇرىدىغان بىر مۇھىم مەسىلە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ، جۇڭگونىڭ مەسىلىسىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى—مۇقىملىقنىڭ بولۇشى، مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىگەنىدى. دۆلەتنىڭ مۇقىم ۋە تىنچ-ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيىتىنى قوغداش خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىن ئايرىلالمايدۇ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ئىبارەت بۇ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇستەھكەم ئۇل تېشىدىن ئايرىلالمايدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش—يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئارمىيىگە تاپشۇرغان سىياسىي تاپشۇرۇقى، ئارمىيىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. ئىشەنچلىك، مۇقىم، قۇدرەتلىك ئارمىيە بولمىسا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايمىز دېگىنىمىز قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش—دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ياخشى خەلقئارا مۇھىت يارىتىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجى. بىر مۇستەقىل دۆلەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي دۆلەت مەنپەئەتى ئومۇمىي خەلقئارا مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسىدا ياشىيالايدىغان ۋە تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇش. دۆلەت مەنپەئەتى ئاساسلىقى تەرەققىيات مەنپەئەتى بىلەن بىخەتەرلىك مەنپەئەتىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات مەنپەئەتىنىڭ ئېھتىياجى، ئۇنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك بولغان بىخەتەرلىك كاپالىتى بولۇشى، مۇقىم بولغان تىنچ مۇھىت بولۇشى زۆرۈر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تېزدىن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت بىخەتەرلىكى جەھەتتە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈندىن-كۈنگە زىچلىشىپ بارىدۇ، بۇ جەرياندا ھەمكارلىق بولىدۇ، رىقابەت تېخىمۇ بولىدۇ. جۇڭگو ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تىنچ، مۇقىم بولغان خەلقئارا مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى

يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك.

بىرىنچى، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن مەملىكىتىمىزنى كەلگۈسىدىكى كۆپ قۇتۇپلاشقان دۇنيا قۇرۇلمىسىدا پايدىلىق ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كونا ئىستراتېگىيىلىك قۇرۇلما يىمىرىلىپ تاشلىنىپ، دۇنيا قۇرۇلمىسى كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. كونا قۇرۇلمىدىن يېڭى قۇرۇلمىغا يۈرۈلۈش جەريانى كۆپ چاغلاردا خەلقئارا ھەمكارلىق بىلەن رىقابەت ئەڭ كەسكىنلەشكەن مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. يېڭى دۇنيا قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇزاق، مۇرەككەپ جەريان بولۇپ، ئۇ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەتنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدۇ. دۆلەت مۇداپىئە كۈچىمۇ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇنىڭ ئۆزى ئىقتىسادىي كۈچنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. تىنچلىق دەۋرىدە، بىر دۆلەتنىڭ تاشقى دۇنياغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى شۇنداقلا خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە تۇتقان ئورنى ئىقتىسادىي كۈچ ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىگە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندىكى دۇنيا ئەللىرى ئۆزىنى كەلگۈسىدىكى دۇنيا ئىستراتېگىيىلىك قۇرۇلمىسىدا پايدىلىق ئورۇندا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيىسىنى كۈچەيتىپ، داۋاملىق ھالدا ھەربىي كۈچنى ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى ئارقا تىرەك قىلىۋاتىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەر قوشۇنلارنى خىللاشتۇرۇش يولىغا مېڭىپ، سۈپەتلىك ئارمىيە قۇرۇشقا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىۋاتىدۇ، ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىكى يۇقىرى پەن-تېخنىكا ئاملىنى ئاشۇرۇپ، ھەربىي ئىشلار بويىچە ئىلمىي تەتقىقات سېلىنمىسىنى ۋە قورال-ياراغ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتىۋاتىدۇ. يېڭى دۇنيا قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا، جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىناق بىلەن پۇرسەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بىز كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا ئېتىبار بېرىشىمىز ۋە ئۇنى كۈچەيتىشىمىز شەرت.

ئىككىنچى، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن مەملىكىتىمىزنى دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش يولىدا تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "تىنچلىققا تىرىشىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى

بولىدۇ.» («دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، 9-بەت، 1-ئاۋغۇست نەشرىياتى، 1993-يىل 3-ئاي 1-نەشرى) قانداق قىلغاندا تىنچلىقتا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ئاساسلىقى مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە لۇشيەنىنى يولغا قويۇشقا تايىنىش كېرەك، لېكىن نۆۋەتتىكى دۇنيادا زومىگەرلىك ۋە ئۇرۇش ئامىللىرى يەنىلا ساقلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، كۈچلۈك دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى ئارقا تىرەك قىلمىغاندا، دۇنيا تىنچلىقىغا نىسبەتەن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىمۇ چەكلىك بولۇپ قالىدۇ. تارىختا جۇڭگو خەلقى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا، زۇلمىغا ئۇچرىغان ۋە ئۇلار تەرىپىدىن بوزەك ئېتىلگەن بولۇپ، تىنچلىقنىڭ قەدرىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. جۇڭگو مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياستىنى ئىزچىل يولغا قويۇپ، ئاكتىپ مۇداپىئە كۆرۈشتىن ئىبارەت ھەربىي ئىستراتېگىيىنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە جۇڭگو تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تاپقاندىمۇ، مەڭگۈ زومىگەر بولمايدۇ، مەڭگۈ دۇنيا تىنچلىقىنى ۋە رايونلار مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايدۇ. لېكىن، بۈگۈنكى دۇنيا تىنچلانغىنى يوق، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياستى زامانىمىزدىكى ئۇرۇشلارنىڭ باش مەنبەسى، دۇنيا تىنچلىقىنىڭ ئاساسلىق بۇزغۇنچىسى بولۇۋاتىدۇ. شۇنىمۇ كۆرۈش لازىمكى، غەربتىكى يامان غەرەزلىك كىشىلەر ”جۇڭگو تەھدىت سېلىۋاتىدۇ“ دېگەن سەپسەتىنى كۆچەپ تارقىتىۋاتىدۇ، ناھايىتى روشەنكى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ماجرا تۇغدۇرۇپ، مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى پەيدا قىلىشتۇر. بىز پەقەت دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يۇقىرى تېخنىكىدىن ئىبارەت بۇ ”ماددىي كۈچ“نى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرغاندىلا، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن بىر تىنچ، مۇقىم بولغان خەلقئارا مۇھىت يارىتالايمىز.

ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا موھتاج. ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش—جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تۈپ مەنپەئىتى. بىز ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“تىن ئىبارەت تىنچلىق تەسەۋۋۇرى بويىچە، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرىمىز. ئەمما، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىمكى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقا، زىددىيەت ۋە كۈرەش بىلەن تولغان بولىدۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان ئەگرى-توقايلىق ۋە قىيىنچىلىقلارغىمۇ يولۇقىدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭدا كۈچلۈك دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيىنى ئارقا تىرەك قىلماي بولمايدۇ. 1997-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتۇرۇۋېلىنىپ، جۇڭخۇا

مىللەتلىرىنىڭ يۈز يىللىق خورلۇقى ئاقلاندى، بۇ دەل سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە كۈچەيگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بىز ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىكىنى تېخى ئىشقا ئاشۇرۇپ بولالمىدۇق، ۋەتىنىمىزنى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا ۋەزىپىمىز ئېغىر، يولىمىز يىراق. يېڭى ۋەزىيەتتە، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئورۇنداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى تىنچ يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىمىز، لېكىن قورال كۈچى ئىشلەتمەيمىز دەپ ۋەدە بەرمەيمىز، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ بىرلىككە ئارىلىشىش ۋە "تەيۋەننى مۇستەقىل قىلىش" سۈيىقەستى يەنىلا مەۋجۇت. شۇڭا، يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ۋەتەننى قوغدايدىغان پولات سېپىل ئىكەنلىكىنى، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. پەقەت دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن ئارمىيىمىزنى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە بىخەتەرلىكى-نى قوغداشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى ئۈستىگە ئېلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشتىكى بىر مۇھىم كۈچ بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكىگەندىن بۇيان، ئارمىيىمىز دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا پائال قاتنىشىپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئارمىيىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ۋە پايدىلىق شارائىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئارمىيە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىۋاتىدۇ. بىرىنچىدىن، تىنچ شارائىتتا ھەربىي سانائەت تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش يولى تۇتۇلۇپ، ھەربىي ئېھتىياج ئاساس قىلىنغان سانائەت خەلق ئېھتىياجى ئاساس قىلىنغان سانائەتكە ئۆزگەرتىلدى. زور تۈركۈمدىكى ھەربىي سانائەت كارخانىلىرى خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئۆتۈنۈپ بەردى، تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغىچە ھەربىي ئېھتىياج ئاساس قىلىنغان سانائەت-تىن خەلق ئېھتىياجى ئاساس قىلىنغان سانائەتكە يۆتكەلگەن تېخنىكا 30 مىڭ خىلدىن ئاشقان. يېقىنقى

بىرقانچە يىلدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئېكسپورت قىلغان تېخنىكا تۈرلىرى ئىچىدە ھەربىي سانائەتتىن يۆتكەلگەنلەرى يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگەللەيدۇ. نۇرغۇنلىغان ئايرودروم، پىرىستان، تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىلىرى قاتارلىق ھەربىي مۇئەسسەسەلەرنى ئارمىيە بىلەن خەلق ئورتاق ئىشلىتىش يولىغا قويۇلدى. سۇنئىي ھەمراھ، ئايروپىلان، ماشىنا قاتارلىق زور بىر تۈركۈم خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بۇيۇملار خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. ئارمىيىمىزنىڭ ئادەم سانى كۆپ قېتىم زور ھەجىمدە قىسقارتىلىپ، نۇرغۇنلىغان قىسىملار پۈتۈن قىسىم بويىچە كەسىپنى ئالماشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاتلاندى، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايىسى قۇرۇلۇش سەپلىرىدىكى تايانچلارغا ئايلاندى. ئىككىنچىدىن، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىغا بىۋاستە قاتناشتى. ئارمىيىمىز پۇختا تەشكىللەنگەن قوراللىق گۇرۇھ بولۇپ قاتتىق جەڭ، شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلالايدىغانلىقى، ئالاھىدە جەڭگىۋار ئىگەنلىكى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان، شۇڭا ئۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى جىددىي، مۇشكۇل، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش داۋامىدا، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىدىكى قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇ مۇھىم زەربىدار كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، خەۋپ-خەتەرگە، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنى قۇتقۇزۇشتا مۇھىم تۆھپە كۆرسەتتى. كەلكۈن، يەر تەۋرەش، بوران-چاپقۇن، ئوت ئاپىتى قاتارلىق ئېغىر ئاپەتلەر بولغانلىكى چاغدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى ھەمىشە باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى ھەمدە ئاپەت رايونلىرىنىڭ قايتا قۇرۇلۇش قىلىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە ۋە مەدھىيىلىشىگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتتە ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى تەقدىم قىلدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە پۈتۈن ئارمىيىدىكى ھەرقايىسى قىسىملار نامراتلارنى يۆلەش ئورنىدىن جەمئىي 23 مىڭنى قۇرۇپ، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق 30 نەچچە مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىپ، بىر مىليوندىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنى بېيىش يولىغا ماڭغۇزدى.

ئارمىيە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى باشلامچى ھېسابلىنىدۇ. ئارمىيىمىز مارك-

سىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان خەلق ئارمىيىسى بولۇپ، پارتىيىگە، ۋەتەنگە، خەلققە مەڭگۈ سادىق، يۈكسەك سىياسىي ئاڭغا، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتكە ۋە قاتتىق تەشكىلىي ئىنتىزامغا ئىگە، بۇ، ئارمىيىمىزنىڭ بىر ئۇلۇغ كوللېكتىپ ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. ئۇلۇغ ئىدىيە ۋە روھنى قىسىملارغا سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، مۇشۇ ئاساستا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىش، جەمئىيەتكە ئۈلگە كۆرسىتىش ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ، پەقەت ھەر ئىككى مەدەنىيەتنى ياخشى تۇتۇشلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرغانلىق بولىدۇ، دەپ تەكىتلىگەنىدى. ئۇ ئارمىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولىغا زور ئۈمىد باغلاپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: رەئىس ماۋ زېدوڭ يېتىشتۈرگەن ياخشى ئىستىلنى تۇرغۇزۇش جەھەتتە ئارمىيە ئەزەلدىنلا باشلامچى بولۇپ كەلگەن. ئۇ 'تەشۋىقات ئەترىتى' ، 'ئۇرۇق چاچقۇچى ماشىنا' دەپ ئاتالغان ئەمەسمۇ؟ ئارمىيە ياخشى ئىستىللارنى جايلارغا ئېلىپ كەلگەن، بۇ ياخشى ئىستىللار ئۇزۇن سەپەر باشلانغاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان." (يۇقىرىقى كىتاب، 193-بەت) يېڭى تارىخىي دەۋردە، ئارمىيىمىز ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. پۈتۈن ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا يەرلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە "مەدەنىيەتلىك كەنت"، "مەدەنىيەتلىك كارخانا"، "مەدەنىيەتلىك مەھەللە"، "مەدەنىيەتلىك مەكتەپ"، "مەدەنىيەتلىك شەھەر" قاتارلىقلارنى بەرپا قىلدى؛ "غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولۇش؛ ھەربىيچە قىياپەتنى تەكىتلەش، ئەدەپ-ئەخلاقنى تەكىتلەش، پاكىزلىقنى تەكىتلەش؛ جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماسلىق، قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشتىن قورقماسلىق" شوئارىنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق ھەربىيلەرنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە سۇ نىڭ، شۈي خۇڭگاڭ، لى گوئەن قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ئۇلۇغ تىپلار مەيدانغا كېلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتكە كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى؛ جايلارنىڭ مائارىپ، پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئاكتىپ ياردەم بېرىپ، قىسىمغىمۇ، جايلارغىمۇ يارىملىق ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، "ئۈمىد قۇرۇلۇشى"غا پۇل ئىئانە قىلىپ، زور تۈركۈم ئۈمىد مەكتەپلىرىنى قۇرۇشقا ياردەم بەردى. ئارمىيە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن

سوتسيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا مېڭىش تەلپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ.

بىز ئارمىيەمىزنىڭ سۈپەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، قوشۇننى خىل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە يولىدا مېڭىپ، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلىشىمىز لازىم. ئارمىيەمىز بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيـتىپ، ئارمىيىنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئارمىيەمىزنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى لازىم. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا، ئەسىر ھالقىيدىغان ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى، ئارمىيەمىزنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ناھايىتى يۇقىرى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز 15-قۇرۇلتاي روھىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز ۋە ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم، ئۇ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى قانۇنىيىتىنىڭ توغرا ئىنكاسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىي قىبلىنامىسىدىن ئىبارەت؛ رەئىس جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان "سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك، ھەربىي جەھەتتە قابىل، ئىستىلى ياخشى، ئىنتىزامى چىڭ، كاپالىتى كۈچلۈك بولۇش" ئومۇمىي تەلپىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم، ئۇ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشىنىڭ باش نىشانى، جەڭگىۋارلىقنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسىي يولى؛ پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىرلىكنى ساقلىشىمىز، بارلىق ھەرىكەتلەردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشىمىز، خەلق ئارمىيىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، بۇ بىزنىڭ يېڭى دەۋردە ئارمىيىنى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز شەرت بولغان بىر تۈپ پرىنسىپتىن ئىبارەت؛ ئاكتىپ مۇداپىئە كۆرۈش ئاساسىدىكى ھەربىي ئىستراتېگىيە فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قوشۇننى خىل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە يولىدا مېڭىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا ھەربىي قوشۇندىن يەنە 500 مىڭ ئادەمنى

قىسقارتىش توغرىسىدىكى زور سىياسەتنى قەتئىي ھىمايە قىلىشىمىز ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم؛ ئارمىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشىمىز، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى زور تىرىشچانلىق بىلەن كۈچەيتىشىمىز، ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئارمىيىنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا ماڭغۇزۇشىمىز لازىم؛ دۇنيانىڭ ھەربىي ساھەسىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشكە يارىشا، ئىلمىي نەزەرىيە ۋە يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن قوراللىنىپ، تەلىم-تەربىيە ۋە مەشىقنى ھەقىقىي ھالدا ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، زامانىۋى تېخنىكا، بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدا مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم؛ ئارمىيىنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەت مۇداپىئە پەن-تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىشىمىز، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە باب كېلىدىغان ھەرىكەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قورال-ياراغلارنى تەدرىجىي يېڭىلىشىمىز كېرەك؛ دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيىتىگە بويسۇنۇشىمىز ۋە خىزمەت قىلىشىمىز، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ھەربىي قوشۇننى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پائال مەدەت بېرىشىمىز ۋە قاتنىشىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئۆز نۆۋىتىدە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق ئىشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھۆكۈمەتلەر ۋە خەلق ئاممىسى دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، مەدەت بېرىشى لازىم. چۈنكى بىر جەھەتتىن، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، ئارمىيىمىز خەلقنىڭ ئارمىيىسى، شۇڭا بىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئەيىمىز مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن خەلقنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى بولىدۇ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مەدەت بېرىشىدىن ئايرىلغاندا، كۈچلۈك دۆلەت مۇداپىئەسىنى قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس؛ يەنە بىر جەھەتتىن، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان بولۇشىغا، پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىش-بېرىلماسلىقىغا، پۈتۈن مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى زاۋال تېپىشىغا ھەتتا ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش، شۇڭا ئۇ ئارمىيە ۋە ھەربىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ ئىشى بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، مەدەت بېرىشى ۋە قاتنىشىشىغا موھتاج ئىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن خەلققە قارىتىلغان دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، پۈتۈن خەلقنىڭ دۆلەت مۇداپىئە كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ھۆكۈمەتنى ھىمايە

قىلىش-خەلقنى سۆيۈش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك؛ مىنبىڭ قۇرۇلۇشى ۋە زاپاستىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن كۈچلۈك، مۇستەھكەم بولغان دۆلەت مۇداپىئەسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: گۇاڭجۇ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 03>

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V 刊号:ISSN1006—5857/CN11—2498/D
邮发代号:2—373 定价:2.40元 邮政编码 100013